بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

# ئىسلام ئاۋازى

36- سان

(قوش ھەپتىلىك گېزىت)

# بۇلاقتىن تامچە

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذْ زَيَّنَ لَهُمُ الشَّيْطَانُ أَعْمَالَهُمْ وَقَالَ لَا غَالِبَ لَكُمُ الْيَوْمَ مِنَ النَّاسِ وَإِنِّي جَارٌ لَكُمْ فَلَمَّا تَرَاءَتِ الْفِئَتَانِ نَكَصَ عَلَى عَقِبَيْهِ وَقَالَ إِنِّي بَرِيءٌ مِنْكُمْ إِنِّي أَرَى مَا لَا تَرَوْنَ إِنِّي أَخَافُ اللَّهَ وَاللَّهُ شَدِيدُ الْعِقَابِ ۞ إِذْ يَقُولُ الْمُنَافِقُونَ وَالَّذِينَ فِي قُلُوبِهِمْ مَرَضٌ غَرَّ هَؤُلَاءِ دِينُهُمْ وَمَنْ يَتَوَكَّلْ عَلَى اللَّهِ فَإِنَّ اللَّهَ عَزِيزٌ حَكِيمٌ ۞﴾.

### ئايەتنىڭ تەرجىمىسى

«ئۆز ۋاقتىدا شەيتان ئۇلارغا (قەبىھ) ئەمەللىرىنى چىرايلىق كۆرسىتىپ: <ھېچقانداق كىشى سىلەرنى يېڭەلمەيدۇ، مەن ھەقىقەتەن سىلەرگە مەدەتكار> دېگەن ئىدى. ئىككى قوشۇن ئۇچراشقان چاغدا شەيتان ئارقىسىغا چېكىندى ۋە: <مەن سىلەردىن ئادا-جۇدامەن، سىلەر كۆرمەيۋاتقاننى ھەقىقەتەن كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن، مەن راستلا الله تىن قورقىمەن، الله نىڭ ئازابى قاتتىقتۇر> دېدى [48]. ئۆز ۋاقتىدا مۇناپىقلار ۋە دىللىرىدا كېسەللىكى (يەنى شەك ياكى زەئىپلىك) بارلار: <بۇلارنى (يەنى مۇسۇلمانلارنى) ئۇلارنىڭ دىنى ئالدىدى (يەنى مۇسۇلمانلار ئۆز دىنىغا مەغرۇر بولۇپ، ئۆزلىرىنى يېڭىلمەس دەپ گۇمان قىلىپ، ئاز سانلىق تۇرۇقلۇق كۆپ سانلىقلار بىلەن ئۇرۇشۇشقا چىقتى)> دېدى. كىمكى الله قا يۆلىنىدىكەن (الله ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە ياردەم بېرىدۇ). چۈنكى الله غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [49]» (سۈرە ئەنفال 48-، 49- ئايەتلەر).

### ئايەتنىڭ تەپسىرى

سەييىد قۇتۇب رحمه الله بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: [بۇ ھادىسىدە قۇرئان تېكىستى شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، شەيتان مۇشرىكلارغا ئەمەللىرىنى چىرايلىق كۆرسەتتى، مۇشرىكلارغا پاناھلىق ۋە ياردەم بېرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى جەڭگە چىقىشقا رىغبەتلەندۈردى. ئاندىن كېيىن «ئىككى قوشۇن ئۇچراشقان چاغدا شەيتان ئارقىسىغا چېكىندى ۋە: <مەن سىلەردىن ئادا-جۇدامەن، سىلەر كۆرمەيۋاتقاننى ھەقىقەتەن كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن، مەن راستلا الله تىن قورقىمەن، الله نىڭ ئازابى قاتتىقتۇر> دېدى». شۇنداق قىلىپ شەيتان ئۇلارنى ياردەمسىز تاشلاپ قويدى. مۇشرىكلار ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتكە دۇچار بولدى. شەيتان ئۇلارغا بەرگەن ئەھدىسىگە ۋاپا قىلمىدى. دەرۋەقە، شەيتان يۇرتلىرىدىن ھاكاۋۇرلۇق ۋە رىياخورلۇق بىلەن چىققان ھەمدە الله نىڭ يولىدىن توسىدىغان مۇشرىكلارنى ئالدايتتى. مۇناپىقلار ۋە قەلبلىرىدە (يەنى ئىمانلىرىدا) زەئىپلىك بار بولغان كىشىلەر مۇئمىن گۇرۇھقا يامان گۇمانلارنى قىلاتتى. ئۇلار مۇئمىن گۇرۇھنى «سانى ئاز، تەييارلىقى زەئىپ ھالەتتە تۇرۇپ ئىنتايىن زور بولغان مۇشرىكلار قوشۇنىغا قارشى جەڭ قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ» دەپ قارايتتى. ئۇلار (يەنى ئىمانى زەئىپ كىشىلەر) ئۆزلىرىنىڭ ۋىرۇسلانغان قەلبى ۋە كۆزىنى قاماشتۇرىدىغان ماددىي كۆرۈنۈشلەرگە قارىتا چولتا نەزىرى بىلەن مۇئمىنلارنى «ئۆز-ئۆزىنى ھالاكەتكە تاشلىدى، ئۆزىنىڭ دىنىغا ئالدىنىپ ۋە مەغرۇرلىنىپ: <دىنىمىز بىزگە ياردەم بېرىدۇ> دەپ گۇمان قىلىشتى» دەپ ئويلايتتى. «ئۆز ۋاقتىدا مۇناپىقلار ۋە دىللىرىدا كېسىلى (يەنى شەك ياكى زەئىپلىك) بارلار: <بۇلارنى (يەنى مۇسۇلمانلارنى) ئۇلارنىڭ دىنى ئالدىدى (يەنى مۇسۇلمانلار ئۆز دىنىغا مەغرۇر بولۇپ، ئۆزلىرىنى يېڭىلمەس دەپ گۇمان قىلىپ، ئاز سانلىق تۇرۇقلۇق كۆپ سانلىقلار بىلەن ئۇرۇشۇشقا چىقتى)> دېدى...».

بەزى ئالىملارنىڭ قارىشىچە: «<مۇناپىقلار ۋە دىلىدا كېسەل (يەنى شەك ياكى زەئىپلىك) بارلار> بولسا مەككىدە ئىسلامغا مايىل بولغان لېكىن ئەقىدىسى توغرىلىنىپ بولالمىغان ۋە دىللىرى ئىمان بىلەن مۇستەھكەم بولمىغان شۇنداقلا قورقۇمسىرىغان ھالدا مۇشرىكلار ئارمىيىسى بىلەن بىرلىكتە مۇئمىنلەرگە قارشى جەڭگە چىققان بىر بۆلەك كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئازلىقىنى مۇشرىكلارنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرگەندە يۇقىرىقى سۆزلەرنى قىلغان».

مۇناپىقلار ۋە دىلىدا كېسەل بارلار غەلىبە ۋە مەغلۇبىيەتنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى بىلەلمەيدۇ چۈنكى ئۇلار ئىشلارنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىگىلا قارايدۇ. ئۇلاردا ئىشلارنىڭ ئىچكى كۆرۈنۈشلىرىگە باشلايدىغان بەسىرەت (يەنى قەلب كۆزى) يوق. ئۇلار ئەقىدە، الله قا ئىشەنچ قىلىش، الله قا تەۋەككۇل قىلىش ۋە الله قا بولغان ئەقىدىدىن كېلىدىغان كۈچكە تايانمايدىغان گۇرۇھ ۋە قوشۇنلارنى كۆزگە ئىلماسلىق دېگەنلەرنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان يوشۇرۇن كۈچنى ھېس قىلىشمايدۇ.

ھەقىقەتەن ماددىي جەھەتتىكى زاھىرىي رېئاللىق ئىمانلىق قەلبلەر بىلەن ئىماندىن خالىي قەلبلەر ئوتتۇرىسىدا سىرتقى كۆرۈنۈش جەھەتتىن پەرقلەنمەيدۇ لېكىن ماددىي جەھەتتىكى زاھىرىي رېئاللىقنى ئۆلچەش ۋە باھالاش پەرقلىق بولىدۇ. مەسىلەن، ئىماندىن خالىي قەلبلەر پەقەت ماددىي جەھەتتىكى زاھىرىي رېئاللىقنىلا ئېتىبارغا ئالىدۇ. ئىمانلىق قەلبلەر بولسا شۇ رېئاللىقنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان ھەقىقىي رېئاللىقنى ئېتىبارلىق دەپ قارايدۇ چۈنكى بۇ ھەقىقىي رېئاللىق پۈتۈن كۈچ-قۇۋۋەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىمانلىق قەلبلەر ئەنە شۇ كۈچ-قۇۋۋەتلەر ئارىسىنى توغرا رەۋىشتە دەڭسىيەلەيدۇ: «كىمكى الله قا يۆلىنىدىكەن (الله ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە ياردەم بېرىدۇ). چۈنكى الله غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر»...

ئىمانلىق قەلبلەر مانا بۇ نۇقتىنى تونۇپ يېتىپ كۆڭۈللىرى ئارام تاپىدۇ. ئىماندىن خالىي قەلبلەر ئۆزىدىن پەردىلەنگەن ھېلىقى يوشۇرۇن كۈچنى ئېتىبارغا ئېلىپ قويمايدۇ. دەل مۇشۇ نۇقتىدا — ھەر قانداق زامان ۋە ھەر قانداق ماكاندا تارازىنىڭ پەللىسىنى بېسىپ چۈشكۈچى ئاخىرقى نەتىجىنى بەلگىلەيدىغان ۋە ئەڭ ئاخىرىدا مەسىلىگە كېسىم چىقىرىدىغان ئامىلدۇر.

مۇناپىقلار ۋە قەلبىدە كېسەل بارلارنىڭ بەدر كۈنى مۇسۇلمان گۇرۇھ توغرىسىدا قىلغان: «بۇلارنى (يەنى مۇسۇلمانلارنى) ئۇلارنىڭ دىنى ئالدىدى (يەنى مۇسۇلمانلار ئۆز دىنىغا مەغرۇر بولۇپ، ئۆزلىرىنى يېڭىلمەس دەپ گۇمان قىلىپ، ئاز سانلىق تۇرۇقلۇق كۆپ سانلىقلار بىلەن ئۇرۇشۇشقا چىقتى)» دېگەن سۆزى بولسا ھەر زامان ۋە ھەر ماكاندىكى مۇناپىق ۋە دىلىدا كېسەل بارلارنىڭ ئەسكىرىي ۋە قورال كۈچى جەھەتتىن كۈچلۈك بولغان تاغۇتنىڭ زور قوشۇنىغا قارشى چىققان مۇسۇلمان گۇرۇھنى كۆرگەن چېغىدا تەكرارلايدىغان سۆزىدۇر. مۇسۇلمان گۇرۇھنىڭ بىردىنبىر ئىگە بولالايدىغان ئاساسىي جەڭ تەييارلىقى بولسا مۇشۇ دىنىدۇر. مانا شۇ — ئالغا ئىنتىرگۈچى ھەرىكەتچان ئەقىدىدۇر؛ مانا شۇ — الله نىڭ ئۇلۇھىيىتى (يەنى قۇلچىلىق قىلىنىش ھوقۇقى)گە ۋە الله نىڭ مۇقەددىساتلىرىغا بولغان كۈندەشلىكتۇر ھەمدە مانا شۇ — الله قا بولغان تەۋەككۇل ۋە الله نىڭ ئۆز دوستلىرىغا بېرىدىغان ياردىمىگە ئىشەنچ باغلاشتۇر.

ھەقىقەتەن مۇناپىقلار ۋە دىلىدا كېسەل بارلار تاغۇتنىڭ زور قوشۇنىغا قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقان مۇسۇلمان گۇرۇھقا تاماشا قىلغان ھالدا قاراپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ دىللىرىدا خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىۋاتقان ۋە خەتەرنى كۆزگە ئىلمايۋاتقان مانا بۇ مۇسۇلمان گۇرۇھقا قارىتا مەسخىرە باردۇر. شۇنىڭدەك، ئۇلارنىڭ دىللىرىدا مۇسۇلمان گۇرۇھنىڭ كۆرۈنۈپ تۇرغان قىيىنچىلىق ۋە روشەن خەتەرلەرگە بۆسۈپ كىرگەنلىكىگە قارىتا ئەجەبلىنىش ۋە ھەيرانلىق باردۇر چۈنكى بۇلار ئۆزلىرىنىڭ قارىشىچە مۇسۇلمان گۇرۇھنىڭ بۇ خىل «تەنتەكلىك» ۋە «ئۆز-ئۆزىنى ھالاكەتكە تاشلاش» قاتارلىق ئىشلىرىنى ئەقىلگە سىغدۇرالمايدۇ. بۇلار دىن ۋە ئەقىدىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن ھاياتىنى تىجارەت بازىرىدىكى سودا-سېتىق دەپ ھېسابلايدۇ. ئەگەر پايدا كۆرۈلسە باتۇرلۇق قىلىدۇ ئەمما خەتەر كۆرۈلسە: <تىنچ-ئامانلىققا ھېچنېمە يەتمەيدۇ> دېيىشىدۇ. ئۇلار ئىشلارنى مۇئمىنچە بەسىرەت (يەنى قەلب كۆزى) ئارقىلىق بىلىشمەيدۇ ۋە نەتىجىلەرنى ئىمان ئۆلچىمى بىلەن ئۆلچىمەيدۇ چۈنكى مۇئمىننىڭ ھېس-تۇيغۇسى ۋە ئۆلچىمىدە ئۇ خەتەرلىك ئىشلار ئىنچىكە پايدا چىقىدىغان تىجارەتتۇر. يەنى بۇ تىجارەت غەلىبە-نۇسرەت ياكى شەھىدلىك ۋە جەننەتتىن ئىبارەت ئىككى ياخشىلىقنىڭ بىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، مۇئمىننىڭ كۆڭلىدە كۈچلەر ئۆزئارا پەرقلىق بولىدۇ چۈنكى ئۇلارنىڭ قەلبىدە الله بار. مۇناپىق ۋە دىلىدا كېسەل بارلار (يەنى شەك ياكى ئىمانى زەئىپ كىشىلەر) بۇنى ئېتىۋارغا ئالمايدۇ.

ھەر دەۋر ۋە ھەر ماكاندىكى مۇسۇلمان گۇرۇھتىن تەلەپ قىلىنىدىغىنى شۇكى، ئۇلار ئىشلارنى ئىمان ۋە ئەقىدە ئۆلچىمى بىلەن ئۆلچىشى، مۇئمىنچە بەسىرەت ۋە قەلب بىلەن ئىدراك قىلىشى، ئىشلارغا الله نىڭ نۇرى ۋە ھىدايىتى بىلەن قارىشى، تاغۇتنىڭ زاھىرىي ماددىي كۈچ-قۇۋۋىتىنى چوڭ كۆرۈپ ئۆزىنىڭ قۇۋۋەت ۋە ئۆلچىمىنى تۆۋەن كۆرمەسلىكى كېرەك چۈنكى الله مۇسۇلمان گۇرۇھ بىلەن بىللىدۇر شۇنداقلا بۇ گۇرۇھ ئۆزىنىڭ دىققىتىنى الله نىڭ مۇنۇ تەلىماتىغا ئىزچىل قارىتىشى كېرەك: «كىمكى الله قا يۆلىنىدىكەن (الله ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە ياردەم بېرىدۇ). چۈنكى الله غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر»] («في ظلال القرآن»دىن ئېلىندى).

### يۇقىرىقى ئايەتلەردىن ئېلىنغان پايدىلار

بىرىنچى، شەيتاننىڭ مۇشرىك ۋە كاپىرلارغا شېرىك ۋە كۇفرى ئىشلىرىنى چىرايلىق كۆرسىتىدىغانلىقى. شۇنىڭدەك، ئاسىي ۋە گۇناھكار مۇسۇلمانلارغىمۇ ھەم شۇ ئاسىي گۇناھكارلىقنى چىرايلىق كۆرسىتىدىغانلىقى.

ئىككىنچى، شەيتان (يەنى ئىبلىس)نىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ ۋاجىبلىقى. دېمەك، بۇ ۋاجىبنى تەرك ئېتىش (يەنى شەيتاننىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلىش) دىندىن چىقىرىۋېتىدىغان كۇفرىلىقتۇر چۈنكى بۇنى ئىنكار قىلغانلىق شەيتاننى زىكىر قىلغان قۇرئان ئايىتىنىڭ بىر قىسمىنى ئىنكار قىلغانلىقتۇر.

ئۈچىنچى، شەيتان گۇناھكارلارنىڭ كۈچىنى ئۆزلىرىگە زور كۆرسىتىپ مەغرۇرلۇققا تاشلاش ئارقىلىق ئازدۇرىدىغانلىقى.

تۆتىنچى، شەيتانغا ئەگىشىش (يەنى كۇفرىلىق ۋە گۇناھ-مەئسىيەتنى ئىشلەش) نىڭ بولسا تەرەققىي قىلمىغانلىق، قالاقلىق ۋە ئارقىغا چېكىنىش ئىكەنلىكى. ئەكسىچە، پەيغەمبەرگە ئەگىشىش بولسا ھەقىقىي تەرەققىيات ۋە ئىلغارلىق ئىكەنلىكى.

بەشىنچى، شەيتاننىڭ ئىنسان كۆرمىگەن بىر قىسىم نەرسىلەرنى كۆرەلەيدىغانلىقى.

ئالتىنچى، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ جامائىتىدىمۇ مۇناپىق ۋە ئىمانى ئاجىز كىشىلەرنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكى. شۇڭا، «پالانى جامائەتتە پاسىق ياكى مۇناپىق بار» دېگەن باھانە بىلەن شۇ جامائەتنى سۆكۈش دۇرۇس ئەمەستۇر.

يەتتىنچى، ئىماننىڭ زەئىپ بولماي كۈچلۈك بولۇشى جەڭ مەيدانىدىكى قورقۇنچنى يوقىتىپ، مۇستەھكەم تۇرۇشقا سەۋەب بولىدىغان ئەڭ كۈچلۈك ئامىل ئىكەنلىكى. ئىمان ئاسىيلىق (يەنى گۇناھ-مەئسىيەت)بىلەن زەئىپلىشىدۇ، ئىتائەت (يەنى تائەت-ئىبادەت ياكى ساۋابلىق ئىشلار)بىلەن كۈچىيىدۇ. ئىمان قانچىلىك زەئىپلەشكەنسېرى جەڭ مەيدانىدا مۇستەھكەم تۇرۇش شۇنچىلىك توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ.

سەككىزىنچى، باتىلغا چاقىرىق قىلغۇچىلار، جىھاد ۋە ئىتائەتتىن ئولتۇرغۇزغۇچىلار ۋە روھىي مەغلۇبىيەتچىلەرنىڭ دەۋالىرى قانچىلىك كاتتا بولۇپ كېتىشىدىن قەتئىينەزەر الله قا تەۋەككۇل قىلىش ۋە الله قا تايىنىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكى.

# دىنىي ئەھكاملار

## ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەقىدىسى ھەققىدە چۈشەنچە

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

ئاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ﷺ يەتتىنچى ئاسمانغا قەدەر مىراج قىلدۇرۇلۇپ، الله ئۇنى سىدرەتۇل مۇنتەھا (يەنى جەننەتنىڭ يېنىدىكى بىر دەرەخ)غىچە ئېلىپ چىقتى. سىدرەتۇل مۇنتەھانىڭ يېنىدا مەئۋا جەننىتى بار ئىدى. الله تعالى ئۆزى خالىغان ئىشلار بىلەن رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئىززەت-ھۆرمەت قىلىپ بىر بۆلۈك ئىشلارنى ۋەھيى قىلدى. الله ئۇنىڭغا بىۋاسىتە سۆز قىلدى. بىر كېچە-كۈندۈزدە بەش ۋاق نامازنى پەرز قىلدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ جەننەتكە كىرىپ جەننەتتىكى نەرسىلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى، دوزاختىكى كۆرۈنۈشلەرنىمۇ ھەم ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. پەرىشتىلەرنى كۆردى، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنى الله ياراتقان ئەسلى قىياپىتىدە كۆردى ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قەلبى بولسا كۆرگەن نەرسىلەرنى ئىنكار قىلمىدى بەلكى ئۇنىڭ كۆرگەن ھەممە نەرسىلىرى ئۆز كۆزى بىلەن ھەقىقىي كۆرگەن نەرسىلەردۇر. الله تعالى بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى رەسۇلۇللاھ ﷺ نى باشقا پەيغەمبەرلەرگە قارىغاندا

(ئاخىرى 2- بەتتە)








■ 10- ئاينىڭ 15- كۈنى مالى مۇجاھىدلىرى مالىنىڭ مۇپتى ۋىلايىتى دۇنقال رايونىدا مۇرتەد ئارمىيىنىڭ بىر ئەسكىرىي بازىسىغا قارىتا توپ قورال ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 4 نەپەر ئەسكەر ئۆلۈپ بىر قانچە نەپەر ئەسكەر يارىلانغان.

■ 10- ئاينىڭ 16- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ فاراخ ۋىلايىتى شىبكو رايونىغا قارىتا ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، بۇ رايوننى مۇكەممەل فەتىھ قىلغان، نەتىجىدە مۇرتەد ئارمىيە ئەسكەرلىرىدىن 12 نەپىرى ئۆلۈپ، 8 نەپىرى يارىلانغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، مۇجاھىدلار 12 دانە ئەسكىرىي ماشىنىنى ۋەيران قىلىپ، كۆپلىگەن مىقداردا قورال-ياراغ ۋە ئوق-دورىلارنى غەنىيمەت ئالغان.

■ ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى مۇشۇ 6 يىل جەريانىدا كېنىيەدە 125 قېتىم جەڭ ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان بولۇپ، بۇ جەڭ ئەمەلىيەتلىرىنىڭ نەتىجىلىرى تۆۋەندىكىچە:

16 دىن ئارتۇق ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە ساقچى ئىدارىلىرى ۋەيران بولغان؛ 79 دىن ئارتۇق ئەسكىرىي ماشىنىنى پاچاقلاپ تاشلىغان؛ 760 تىن ئارتۇق ئەسكەرنى ئۆلتۈرۈپ، 230 دىن ئارتۇق ئەسكەرنى يارىلاندۇرغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە 15 تىن ئارتۇق ئەسكىرىي ماشىنىنى غەنىيمەت ئالغان.

■ كالىفورنىيە شتاتىدا يۈز بەرگەن ئوت ئاپىتى تاھازىرغىچە داۋاملاشماقتا. بۇ ئوت ئاپىتى تەسىرىدە ھازىرغىچە 42 نەپەر ئادەم ئۆلگەن ۋە 100 دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ ئىز-دېرىكى بولمىغان، 100 مىڭ دىن ئارتۇق ئائىلىلىك ئۆز ئۆيلىرىدىن كۆچۈرۈلگەن، 850 كۋادرات كىلومېتىر يەر كۆيۈپ بولغان، 5700 دىن ئارتۇق قۇرۇلۇش ۋەيران بولغان، ھازىرغىچە بولغان ئىقتىسادىي زىيان 3 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن.

■ 10- ئاينىڭ 17- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرىدىن 8 نەپەر پىدائىي قېرىندىشىمىز پاكتىيا ۋىلايىتىنىڭ باش ئىستىخبارات مەركىزىگە قارىتا ئىنغىماس ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان. بۇ مەركەزدە ئىستىخبارات ئەمەلدارلىرى ۋە ساقچى- ئوفىتسېرلار قوشۇلۇپ 350 دىن ئارتۇق ئادەم بار بولۇپ، قېرىنداشلىرىمىز 5 سائەت قاتتىق جەڭ قىلىش نەتىجىسىدە مۇرتەد ئارمىيە ئەسكەرلىرىدىن 277 نى ئۆلتۈرۈپ، 162 نى يارىلاندۇرغان.

■ 10- ئاينىڭ 18- كۈنى يەمەننىڭ ئەبيان ۋىلايىتى مۇدىيە رايونىدا تاجاۋۇزچى مۇرتەد ئارمىيە ئەسكەرلىرى يەمەن ئەلقائىدە مۇجاھىدلىرى تەرىپىدىن قويۇلغان مىنانى تازىلاش جەريانىدا، مىنا پارتلاپ كېتىپ تاجاۋۇزچى مۇرتەد ئارمىيىنىڭ بىر نەپەر ئەسكىرىي مەسئۇلى ئۆلگەن ۋە ئەتراپىدىكى ئەسكەرلەر يارىلانغان.

■ 10- ئاينىڭ 18- كۈنى بەششار ئەسەد ئارمىيىسى سۈرىيىنىڭ دەمەشق ۋىلايىتى غەربىي غۇتا رايونىدىكى تەللە بەردايە دېگەن جايغا ئىلگىرىلەشكە ئۇرۇنغان. الله نىڭ نۇسرەت بېرىشى، ئاندىن قالسا مۇجاھىدلارنىڭ سابىت قەدەم تۇرۇشى بىلەن بۇ شەيتان قوشۇنلىرى خار ھالەتتە ئارقىغا چېكىنىپ، 5 دانە تانكىسى ۋەيران بولغان ۋە تانكا ئىچىدىكى ئەسكەرلىرىنىڭ ھەممىسى جەھەننەمگە ئۇزىغان.

■ 10- ئاينىڭ 21- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرىدىن بىر نەپەر مۇجاھىد قېرىندىشىمىز ئافغانىستان پايتەختى كابۇلدا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرىنىڭ ماشىنا ئەترىتىگە قارىتا پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 15 نەپەر ئەسكەر ئۆلگەن ۋە يارىلانغان.

■ ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى 9- ئاينىڭ 21- كۈنىدىن 10- ئاينىڭ 21- كۈنىگىچە بولغان بىر ئاي جەريانىدا 669 قېتىم جەڭ ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان بولۇپ، بۇ جەڭ ئەمەلىيەتلىرىنىڭ نەتىجىسى تۆۋەندىكىچە:

مۇرتەد ئارمىيە ئەسكەرلىرىدىن 1659 نەپەرنى ئۆلتۈرۈپ، 885 نەپەرنى يارىلاندۇرغان؛ تاجاۋۇزچى ئامېرىكا ئەسكەرلىرىدىن 46 نەپەرنى ئۆلتۈرۈپ، 17 نەپەرنى يارىلاندۇرغان؛ بىر دانە ئەسكەر توشۇغۇچى ئايروپىلان، بىر دانە ئۇچقۇچىسىز جاسۇس ئايروپىلانى ۋە 262 دانە ئەسكىرىي ماشىنىنى ۋەيران قىلغان.

■ 10- ئاينىڭ 22 -كۈنى بىر نەپەر مۇجاھىد قېرىندىشىمىز مۇرتەد ئارمىيە ئەسكەرلىرىگە ئوخشاش كىيىنىپ ئافغانىستاننىڭ لەغمەن ۋىلايىتى غەمبىرداك رايونىدىكى مۇرتەد ئارمىيىنىڭ ئەسكىرىي بازىسىغا كىرىپ، بۇ بازىدىكى تاجاۋۇزچى ئامېرىكا ئەسكەرلىرىدىن 13 نەپەرنى ئۆلتۈرگەن ۋە ئۆزى ئىنشائاللاھ شەھىدلىك ماقامىغا ئېرىشكەن.

■ مالى مۇجاھىدلىرىنىڭ 5- ئايدىن باشلاپ 10- ئايغىچە بولغان 5 ئاي ئىچىدىكى جەڭ ئەمەلىيەتلىرىنىڭ نەتىجىسى تۆۋەندىكىچە:

مۇرتەد ئارمىيە ئەسكەرلىرىدىن 64 نى ئۆلتۈرۈپ، 91 نى يارىلاندۇرغان ۋە 6 نەپىرىنى ئەسىر ئالغان؛ 7 دانە ئەسكىرىي ماشىنا ۋە ئېغىر-يېنىك تىپتىكى قورال-ياراغلارنى غەنىيمەت ئالغان.

■ 10- ئاينىڭ 22- كۈنى مىسىر مۇجاھىدلىرى مۇرتەد سىسى ئارمىيىسىگە قارشى پىستىرما ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، مىسىر ئالاھىدە قىسىم ئەسكەرلىرىدىن 58 نەپەرنى ئۆلتۈرگەن.

■ 10- ئاينىڭ 23- كۈنى بەششار ئەسەد ئارمىيىسى سۈرىيىنىڭ لازىقىيە ۋىلايىتى جەبەل تۈركمەن رايونىدىكى مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىزنىڭ نۇقتىلىرىغا قارىتا رازۋېتكىغا چىققاندا، مۇجاھىدلار تەرىپىدىن قويۇلغان پىستىرمىغا چۈشۈپ 2 نەپەر مەسئۇل بىلەن 5 نەپەر ئەسكەر جەھەننەمگە ئۇزىغان.

■ 10- ئاينىڭ 23- كۈنى يەمەن ئەلقائىدە مۇجاھىدلىرى يەمەننىڭ ئەبيان ۋىلايىتى مۇدىيە شەھىرى ئەتراپىدىكى تاجاۋۇزچى بىرلەشمە ئارمىيىنىڭ بىر مەركىزىگە قارشى ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان. بۇ جەڭ ئاۋۋال پىدائىيلىق قىلىش بىلەن باشلانغان بولۇپ، ئارقىدىن ئىنغىماسچى قېرىنداشلىرىمىز باستۇرۇپ كىرگەن. الله نىڭ ياردىمى ئاندىن قالسا مۇجاھىدلىرىمىزنىڭ سابىت قەدەم تۇرۇشى بىلەن قېرىنداشلىرىمىز بۇ بىرلەشمە ئارمىيە ئەسكەرلىرىدىن 50 كە يېقىنىنى ئۆلتۈرۈپ، 50 كە يېقىنىنى يارىلاندۇرغان. 7 دانە ئەسكىرىي ماشىنىنى ۋەيران قىلغان.

■ 10- ئاينىڭ 24- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ روزىگان ۋىلايىتى جاھارچىنو رايونىدىكى 7 بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش پونكىتىنى فەتىھ قىلىپ، مۇرتەد ئارمىيە ئەسكەرلىرىدىن 22 نەپەرنى ئۆلتۈرگەن.

### ئەسكەرتىش

قېرىنداشلىرىمىزنىڭ گېزىت، رادىئو ۋە ژۇرناللىرىمىزنى ماقالە، شېئىر، سەرگۈزەشتە، تارىخ، ئەسكىرىي تەلىم، جەڭ مەيدانىدىكى ئاجايىباتلار، تېببىي مەلۇماتلار... قاتارلىق ھەرخىل ژانىردىكى ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمىز.

بۇ گېزىتنى تارقىتىشقا ياردەملەشكەن، كۈچ چىقارغان ۋە قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەن بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا الله تعالى نىڭ مەغپىرىتى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن! سالىھ دۇئالىرىڭلاردا مۇجاھىد قېرىنداشلىرىڭلارنى ئۇنۇتمىغايسىلەر!

والسلام عليكم ورحمة الله وبركاته

## ئەرەب تىلى ئۆگىنىمەن

| سۆزلۈكلەر | | جۈملىلەر | |
|---|---|---|---|
| مَشْهُورٌ | مەشھۇر | هُوَ مَشْهُورٌ بِشَجَاعَتِهِ | ئۇ باتۇرلۇقى بىلەن مەشھۇر |
| وَ | ۋە، ھەم | نَفْعَلُ مَا أَمَرَنَا اللَّهُ وَ رَسُولُهُ | الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى نېمىگە بۇيرىسا شۇنى قىلىمىز |
| بَلْ | بەلكى | بَلْ هُمْ قَوْمٌ خَصِمُونَ | بەلكى ئۇلار جېدەلخور قەۋمدۇر |
| إِمَّا | ياكى | هَذَا الرَّجُلُ إِمَّا غَنِيٌّ أَوْ فَقِيرٌ | بۇ كىشى ياكى باي، ياكى كەمبەغەل |
| أَمَّا | ئەمما | فَأَمَّا الَّذِينَ آمَنُوا يَعْلَمُونَ أَنَّهُ الْحَقُّ | ئەمما ئىمان كەلتۈرگەنلەرگە كەلسەك، ئۇلار ئۇنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ |
| بَلَدٌ | دۆلەت، شەھەر | مِصْرٌ بَلَدٌ إِسلامِيٌّ عَرِيْقٌ فِي تارِيْخِهِ | مىسىر قەدىمىي تارىختا ئىگە بىر ئىسلام دۆلىتى |
| قَرْيَةٌ | يېزا | مَنْظَرُ قَرْيَتِنَا جَمِيْلٌ جِدًّا | بىزنىڭ يېزىنىڭ مەنزىرىسى بەك گۈزەل |
| مَدْرَسَةٌ | مەدرىسە | كَمْ طَالِبٍ فِي مَدْرَسَتِكُمْ | سىلەرنىڭ مەدرىسىدە قانچە ئوقۇغۇچى بار؟ |
| بَيْتٌ | ئۆي | لَا أَرْجِعُ الْيَوْمَ إِلَى الْبَيْتِ | مەن بۈگۈن ئۆيگە قايتمايمەن |
| بَابٌ | ئىشىك | قَدْ كَانَ بَابُ الْمَسْجِدِ قَدِيمًا | مەسجىدنىڭ ئىشىكى بەك كونىراپ كېتىپتۇ |
| كُوَّةٌ | تۈڭلۈك | خَرَجَ الْعُصْفُورُ مِنَ الْكُوَّةِ | قۇشقاچ تۈڭلۈكتىن چىقىپ كەتتى |
| وَاسِعٌ | كەڭ | بَيْتُهُ الَّذِي فِي الْقَرْيَةِ وَاسِعٌ جِدًّا | ئۇنىڭ يېزىدىكى ئۆيى ناھايىتى كەڭ |

## ئائىلىدىكى رېتسېپلار

### يۆتەل ئۈچۈن شىپالىق رېتسېپلار

بىرىنچى رېتسېپ: بىر تال ئامۇت، بەش گرام چاكاندا تەييارلىنىدۇ. ئامۇتنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئېچىپ چاكاندا سېلىنىدۇ، ئاندىن قازاندا قاينىتىلىدۇ. ئامۇت قايناپ پىشقاندا ئۇنىڭ ئىچىدىكى چاكاندا ئېلىۋېتىلىپ، ئارىسىدا يىغىلىپ قالغان سۇيى ئىسسىقىدا ئىچىلىدۇ. بۇ — بەلغەم چىقمايدىغان قۇرۇق يۆتەلگە پايدا قىلىدۇ (إن شَاء الله).

ئىككىنچى رېتسېپ: ناۋات بىلەن ھەسەلنى قازانغا سېلىپ ئىسسىتقاندىن كېيىن، ئېزىلگەن ياڭاق مېغىزى ۋە زەنجىۋىلنى سېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ پىشۇرۇپ، بىر قۇتىغا قاچىلاپ قويۇپ، كۈنىگە تۆت-بەش قېتىمدىن، ھەر قېتىمدا بىر قوشۇق يېسە يۆتەلگە شىپا بولىدۇ (إن شَاء الله).

ئۈچىنچى رېتسېپ: ئاق تۇرۇپنى يالپاقلاپ توغراپ، زەنجىۋىل ۋە ئامۇتلارنى مۇۋاپىق مىقداردا ئارىلاشتۇرۇپ قاينىتىپ ئىچسە، شاخچە نەپەس يولى ياللۇغىدىن بولغان يۆتەلگە شىپا بولىدۇ (إن شَاء الله).

تۆتىنچى رېتسېپ: كۆك تۇرۇپنى توغراپ، ئۈششاق چاناپ سۈيىنى چىقىرىپ، بىر سۈيى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قاينىتىپ ئىچسە، ساغۇچ بەلغەم كۆپ چىقىدىغان، ئىسسىقتىن بولغان يۆتەلگە شىپا قىلىدۇ. كۆك تۇرۇپنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئويۇپ ئىچىگە ھەسەل قۇيۇپ ئوتقا قاقلاپ قىزىتىپ ئىچسە، ياكى ئۇنىڭغا ئۈچ تال خام زەنجىۋىل سېلىۋېتىپ قاينىتىپ ياكى مەلھەم قىلىپ ئىچسە، سوغۇقتىن بولغان يۆتەلگە شىپا بولىدۇ (إن شَاء الله).

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، نىلۇپەر شەربىتى، سېرىق پۇرچاق ئۈندۈرمىسى، چىلان، ئاپېلسىن ۋە پېدىگەن، كەرەپشە يېسىمۇ بولىدۇ. بۇ يېمەكلىكلەرنىڭ تالنى ساغلاملاشتۇرۇش، يۆتەلنى توختىتىش ۋە بەلغەم ھەيدەش رولى بار.




1. تۆۋەندىكى شېئىرىي تېپىشماقلارنى تېپىپ بېقىڭ:

كېچە-كۈندۈز تىنمايدۇ،
توختىماستىن سانايدۇ.
ئۆمۈر بويى سانىسا،
ئون ئىككىدىن ئاشمايدۇ.



ئىككىنچى تېپىشماق:

مېنىڭدە بار سەندە يوق،
جېنىمدا بار تەندە يوق.
ئالەمدە بار ئايدا يوق،
ئاسماندا بار يەردە يوق.



2. بۇ تېپىشماقنى قېنى كىم تېز ھەم توغرا تاپالايدۇ؟

سەككىز ئادەمنىڭ سەككىز كىشىلىك تاماقنى يەپ بولۇشىغا 10 مىنۇت كەتسە، 28 ئادەمنىڭ 28 كىشىلىك تاماقنى يەپ بولۇشىغا قانچىلىك ۋاقىت كېتىدۇ؟

ئالدىنقى ساندىكى تېپىشماقلارنىڭ جاۋابى:

1. سايە.
2. مەش.
3. زەيد ئىبنى ھارىسە رضي الله عنه (سۈرە ئەھزاب 37- ئايەت).

